# شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى

# 新疆伊斯兰建筑风采





شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

新 疆 美 术 摄 影 出 版 社

阅览室

شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى

# 新疆伊斯兰建筑风采



暨南大學圖書館藏書

新疆维吾尔自治区伊斯兰教协会
乌鲁木齐中青人文化传媒有限公司 编

新 疆 美 术 摄 影 出 版 社

**图书在版编目(CIP)数据**

新疆伊斯兰建筑风采/中青人文化传媒有限公司编.
乌鲁木齐:新疆美术摄影出版社,2001.12
ISBN 7-80658-173-1
I. 新… II. 中… III. 伊斯兰教—宗教建筑—建筑艺术—新疆—摄影集 IV. TU-885
中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 093514 号

# شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى
ئۈرۈمچى «جۇڭگو ياشلىرى» مەدەنىيەت تارقىتىش چەكلىك شىركىتى
تۈزدى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
كەسلىمى: 1194mm × 889 20 / 1 باسما تاۋىقى: 5
2002 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 2002 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 ـــ 5000
ISBN 7 – 80658 – 173 – 1/J · 131

باھاسى: 68.00 يۈەن

## 新疆伊斯兰建筑风采

新疆维吾尔自治区伊斯兰教协会
乌鲁木齐中青人文化传媒有限公司 编


新疆美术摄影出版社
(乌鲁木齐市西虹路 118 号)
新疆新华印刷厂制版印刷
2002 年 1 月第 1 版 2002 年 1 月第 1 次印刷
规格: 889×1194mm 印张: 5
开本: 20 开本 字数: 7 千字
印数: 1-5000 册

ISBN 7-80658-173-1/J·131
定价: ¥68.00 元

شىنجاڭدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىسلام ئىمارەتلىرىنىڭ جايلاشقان ئورنىنى كۆرسىتىش خەرىتىسى


# 新疆代表性伊斯兰建筑分布示意图



ئۈرۈمچى رايونىغا جايلاشقان ۋەكىللىك
خاراكتېرگە ئىگە ئىسلام ئىمارەتلىرى

分布于乌鲁木齐地区
的代表性伊斯兰建筑





# مۇقەددىمە

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھاپىز نىياز

«شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى» دېگەن كىتاب ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى مەخسۇس ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەدەنىيەت مەجمۇئەسى بولۇپ، ئۇنىڭدا جۇڭگوئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە شۇ جاينىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن ئۇزاق مۇددەت سىڭىشىشى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن جۇڭگو ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇبى مەركەزلىك نامايەن قىلىنغان . ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاجايىپ ئاقىل ـ پاراستى ۋە يۈكسەك ھۈنەر ـ سەنئىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىقى شەكىللىنىش جەريانىدا، ئوخشاش بولمىغان تارىخ ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىدا، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت، بىناكارلىق، رەسساملىق، نەققاشلىق، ئويمىچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۇسلۇبى ۋە ئۆزگىچىلىكنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، كۆپ مەنبەلىك بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن. پارلاپ تۇرغان مەسچىت، خانىقا (مۇنار، مەقبەرە) بىناكارلىق سەنئىتى ۋە رەڭگارەڭ نەققاشلىق، ئويمىچىلىق، رەسساملىق قاتارلىقلار ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان چىن ئېتىقادىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، قويۇق مىللىي مەدەنىيەت پۇرىقى ۋە ئۇسلۇبىنى نامايەن قىلىپ، تارىخ بىلەن زامانىۋى ئالاھىدىلىكنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمىدۇر. ئىسلام بىناكارلىقى ھەم قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقى، ھەم ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋردىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ساياھەت قىلىش، ھوزۇر ئېلىش قىممىتىگە ۋە تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش قىممىتىگە ئىگە. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇھىم تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقى ۋە مەشھۇر ساياھەت مەنزىرىلىرىنىڭ تەركىبى قىسمى بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

كىتابىمىزنىڭ ئاپتورلىرى ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، شىنجاڭدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر قىسىم ئىسلام بىناكارلىقى ماتېرىياللىرىنى يىغىپ، رەتلەپ، كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، رەسىملەرنى تەييارلاش، تونۇشتۇرۇش، باھا بېرىش ئارقىلىق، شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇبىنى يېپيېڭى بىر نۇقتىدىن يىغىنچاقلىغان ۋە مەركەزلەشتۈرۈپ گەۋدىلەندۈرگەن، شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئۆزگىچە بەدىئىي جەلب قىلىش كۈچىنى نامايەن قىلغان، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي قارىشى، ئېستېتىك ئىدىيىسى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، سەنئەت ئىجادكارلىقىنى مەلۇم نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستى ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى، زامانىۋى مەدەنىيەت، سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تېخىمۇ بېيىپ كۆپ خىللىشىشىغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، بۇ ئورۇنلارنى قوغداپ ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇش دۆلەت ۋە خەلققە پايدا يەتكۈزۈپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتلەردە ئاكتىپ ئۈنۈم بەرگۈسى.

بۇ كىتابتا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بەزى ئىمارەتلەر تۇنجى قېتىم تارىخى ۋە رېئاللىق نۇقتىسىدىن ئايرىم تونۇشتۇرۇلغان، ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن سىڭىشىشتىن ھاسىل بولغان ئالاھىدىلىكى تەھلىل قىلىنغان. بۇنىڭ كىتابخانلارنىڭ شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىقى، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى ئۈستىدىكى چۈشىنىشى ۋە بىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا، مىڭ يىلدىن بۇيان، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتى، بىر ـ بىرىگە سىڭىشىشى ۋە بىر بىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا كۆپ ياردىمى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ، بۇ ئاتەش زېمىننى قىزغىن سۆيۈشى ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىشىگە تېخىمۇ زور ئىلھام بولىدۇ.



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com



# 序

新疆维吾尔自治区党委统战部副部长　阿比孜·尼亚孜

《新疆伊斯兰建筑风采》是一部专门表现我区伊斯兰建筑艺术的文化丛书，集中展示了中国传统文化和当地民族文化与伊斯兰文化长期交融形成的中国伊斯兰建筑特点和风格，体现了维吾尔等各族人民的超人智慧和精湛技艺。

新疆历来是一个多民族地区，新疆伊斯兰建筑在其形成过程中，在不同的历史和文化背景下，表现出不同民族在文化、艺术、建筑、绘画、雕刻等方面多元一体的风格和特点。辉煌灿烂的寺院（塔、墓）建筑艺术，多姿多彩的雕刻、绘画等，在表达各族穆斯林对伊斯兰教虔诚信念的同时，表现出了浓郁的民族文化气息和风格，融历史和现代特点为一体，成为中华民族传统文化与近现代文化的重要组成部分，伊斯兰建筑既是珍贵的历史文物，又是不同民族、不同历史时期经济、社会、文化发展的见证，构成了一种特殊的人文景观，具有游览观赏价值和研究考察价值，是我区重要的历史文物和游览名胜，在弘扬祖国传统文化中发挥着应有的作用。

《风采》的作者共同努力，收集整理了新疆部分有代表性的伊斯兰建筑的资料，匠心独运，通过造像、介绍、点评，从一个全新的角度浓缩并集中体现了新疆伊斯兰建筑的特点和风采，展示了新疆伊斯兰建筑独具特色的艺术魅力；从一个侧面反映了维吾尔等民族人民的宗教观念、美学思想、文化传统、艺术创造力。新中国建立以后，党的宗教信仰自由政策为伊斯兰建筑艺术的多样化创造了良好的条件，现代文化艺术的发展为伊斯兰建筑艺术的更加丰富多彩增添了活力。在西部大开发战略的实施过程中，保护和合理利用这些场所，发挥其积极作用，利国利民，将会产生积极的社会效益。

《风采》纵越历史和现实的跨度，首次对一些有代表性的建筑作了独到的介绍，分析了伊斯兰建筑与维吾尔、回等少数民族传统建筑艺术和文化相互交融所具有的特色，为读者增进对新疆伊斯兰建筑、祖国传统建筑文化和艺术的了解和认识，明确近千年来，伊斯兰文化与少数民族文化和中原文化的历史联系、相互交流和影响的关系，会大有帮助，使读者从不同层面进一步深入了解新疆，加深对这片热土的热爱和向往，也会深有启示。



# كىرىش سۆز

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق رايون، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئايرىلماس مۇقەددەس تەركىبىي قىسمى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملەكەت خەلقى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن تەڭ كەچۈرۈپ، پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتتى، شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىقى ئەنە شۇ مەدەنىيەت ئىچىدىكى ئاجايىپ بىر ئۆزگىچە گۈل. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق مەدەنىيىتى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزئارا سىڭىشىپ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش ئارقىلىق، بىرتەرەپتىن ئەسلى ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغان بولسا، يەنە بىرتەرەپتىن روشەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي تۈسنى نامايەن قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

شىنجاڭنىڭ زۇمرەت ئاسمىنى، قۇملۇق ۋە چۆللۈكى، قارلىق تاغ ۋە مۇزلۇقى، بوستانلىق ھەم يايلىقىدىن ئىبارەت ئاجايىپ - غارايىپ تەبىئىي مەنزىرىلىرى سىزنى شەك - شۈبھىسىز ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالسا، كەڭ بوستانلىقتىكى ئاۋات شەھەرلەر، تىپ - تىنچ يېزا - كەنتلەردىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، شەكلى ھەرخىل ئىسلام ئىمارەتلىرى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كۆركەملىكى، ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبى ۋە ئۆزگىچە نەققاشچىلىق سەنئىتى بىلەن يەنە بىر گۈزەل مەنزىرە كۆرۈنۈشىنى ھاسىل قىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئىسلام بىناكارلىقى نامايەن قىلغان يۈكسەك مىمارچىلىق تېخنىكىسى ۋە سەنئەت ئۇسلۇبى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنى مول مىللىي ئالاھىدىلىككە، كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىش ۋە تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە مەنزىرىلىك ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇپ، بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىشقا تېخىمۇ ھۆسن قوشتى.

پارتىيىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى شادلىققا تولغان بۇ زېمىندا خۇشال - خۇرام ياشاپ، گۈزەل يۇرتىنى ئورتاق گۈللەندۈرمەكتە. بىز دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تېخىمۇ كۆپ دوستلارنىڭ شىنجاڭنى ئوبدان چۈشىنىشى، شىنجاڭغا كېلىشى ئۈچۈن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، كەڭ كىتابخانلارغا شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنى ئالاھىدە تونۇشتۇردۇق.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

ئۈرۈمچى «جۇڭگو ياشلىرى» مەدەنىيەت تارقىتىش چەكلىك شىركىتى

# 前　言

新疆是一个多民族、多宗教地区，是伟大祖国大家庭神圣不可分割的组成部分。新疆各族人民与全国人民息息相关，荣辱与共，共同创造了璀璨的中华文明，新疆伊斯兰建筑便是其中独特的一支奇葩。千百年来，新疆伊斯兰建筑文化与中国传统建筑文化交流融合，经过长期的发展演变，既保持了原有的风格，又表现出鲜明的中国特点和民族色彩，成为中华民族建筑文化的组成部分。

走进新疆，边疆的蓝天、大漠、戈壁、绿洲、雪山、冰川、草原等奇特的自然景观，无疑是引人入胜的，但在片片绿洲之上繁华的城市，宁静的乡村，一座座独具特色、形态各异的伊斯兰建筑，以其奇妙的造型、传统的建筑手法、独特的装饰艺术，构成了又一道凝重、奇丽的风景线。新疆伊斯兰建筑所展现的高超建筑技术和艺术风采，充分表现了新疆各族人民的智慧，成为极富民族特色并具观赏和研究价值的旅游胜景之一，为展现今日新疆增添了异彩。

在党的民族宗教政策的光辉照耀下，新疆各族人民愉快地生活在这块充满欢乐的土地上，建设着美好的家园。我们特向广大读者介绍新疆伊斯兰建筑艺术，以使更多的海内外及各地朋友进一步了解新疆、走进新疆，增强各族人民之间的大团结，发展新疆的旅游事业，推动新疆的经济发展，促进西部大开发。

新疆维吾尔自治区伊斯兰教协会
乌鲁木齐中青人文化传媒有限公司



# ھېيتگاھ جامەسى

# 艾提尕尔清真寺

شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى

# 新疆伊斯兰建筑风采

## مۇندەرىجە

## 目录


序 — مۇقەددىمە

新疆代表性伊斯兰建筑分布示意图 — شىنجاڭدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىسلام ئىمارەتلىرىنىڭ جايلاشقان ئورنىنى كۆرسىتىش خەرىتىسى

前言 — كىرىش سۆز

艾提尕尔清真寺 — ھېيتگاھ جامەسى

苏公塔 — سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى

阿帕克霍加墓 — ئاپئاق خوجا مازىرى

伊斯兰教经学院 — شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى

哈密回王墓 — قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى

陕西大寺 — شەنشى مەسچىتى

汗腾格里清真寺 — خانتەڭرى مەسچىتى

库车清真大寺 — كۇچا مەسچىتى

吐鲁番卡孜清真寺 — تۇرپان قازىخانا جامەسى

固原清真寺 — گۇيۈەن مەسچىتى

新疆伊斯兰教经文学校 — شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپى

玉素甫・哈斯・哈吉甫墓 — يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى


栏杆罕尼卡清真寺 — لەنگەر خانىقاسى

和田加满清真寺 — خوتەن جامەسى

库尔勒加麦清真寺 — كورلا جامەسى


阿图什布格拉汗麻扎 — ئاتۇش سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى

伊宁拜图拉清真寺 — غۇلجا بەيتۇللا مەسچىتى

## ھېيتگاھ جامەسى

# 艾提尕尔清真寺



风采

### تارىخى:

ھېيتگاھ جامەسى جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ داڭلىق مەسچىتى، جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئىسلام دىنى ئىمارىتى بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر شەھرىنىڭ شىمالىي ئازادلىق يولىغا جايلاشقان. تەخمىنەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭتۇڭ يىللىرى (1436 ـ 1449) سېلىنغان، كۆلىمى 16800 كۋادرات مېتىر بولۇپ، جامە شەرققە قارىغان ھالەتتە شەھەرنىڭ مەركىزىي مەيدانىدىن ئورۇن ئالغان. جامە سېلىنىشتىن ئىلگىرى، بۇ يەر بىر قەبرىستانلىق بولۇپ، تەخمىنەن مىلادى 1442 ـ يىلى قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى ساقسىز مىرزا ئۇرۇغ ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ روھىغا دۇئا ـ تالاۋەت قىلىش يۈزىسىدىن بۇ يەرگە مەسچىت سالدۇرغان. مىلادى 1538 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئوبۇل ھادى بەگ دۇنيادىن ئۆتكەن كىچىك دادىسى مىرزەزىز ۋەلىنى ياد ئېتىش يۈزىسىدىن مەسچىتنى كېڭەيتىپ جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان جامە قىلىپ سالدۇرغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەنى 16 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇ جامە قايتا ـ قايتا رېمونت قىلىنىپ، كېڭەيتىلىپ، يېڭىۋاشتىن پەلانلىنىپ، بۈگۈنكىدەك كۆلەمگە ئىگە ھەيۋەتلىك جامەگە ئايلانغان.

### ئۇسلۇبى:

ھېيتگاھ جامەسى دەرۋازا ـ پەشتاق، خانىقا، ئايۋان، كايىۋان، مۇنار، ھوجرىلار ۋە كۆلدىن تەركىب تاپقان. جامەنىڭ 12 مېتىر ئېگىزلىكتىكى دەرۋازىسى شەرققە قارىغان بولۇپ، ئەرەب ئۇسلۇبىدا خىشتىن قوپۇرۇلغان، دەرۋازا پەشتىقى ئارقىسىدىكى گۈمبەز ئۈستىگە كىچىك ئۈچلۈق مۇنار چىقىرىلغان. دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىنكى دالان 8 بۇرجەك شەكلىدە بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە بىردىن ئەگمە ئىشىكى بار، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 18 مېتىر كېلىدىغان دۈگىلەك تۈۋرۈك شەكلىدىكى ئىككى مۇنار پەشتاقنىڭ ئىككى تەرىپىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. مۇنار تۈۋەندىن يۇقىرىسىغا بارغانچە ئىنچىكىلەپ بارىدۇ. مۇنارغا خىشتىن گۈل چىقىرىش ئۇسۇلى بويىچە كۆپ خىل نەقىش چىقىرىلغان. مۇنارنىڭ ئۈستىگە بىردىن ھىلال ئاي ئورنىتىلغان. جامە دەرۋازىسىدىن 8 بۇرجەك شەكلىدىكى دالانغا كىرسىڭىز، دالاننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئەگمە ئىشىك ئارقىلىق جامە ئىچىگە كىرەلەيسىز، جامەنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرىپىدە قاتار سېلىنغان بىر يۈرۈشتىن جەمئىي 36 ئېغىز ھوجرا بار. خانىقا جامە قورۇسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋاسا جۈپ تورۇسلۇق بۇ خانىقا كەڭ كەتكەن بىر زالدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە چوڭ ھەجىمدە ياسالغان ئىككى دانە كايىۋان، شەرقىدە پېشايۋىنى بار، ئۇلارنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 160 مېتىر، كەڭلىكى 16 مېتىر، پۈتۈنلەي ئايۋان بىناكارلىقى ئۇسلۇبىدا ياسالغان. ئاق رەڭلىك ۋاسا جۈپلۈق تورۇسنى كۆتۈرۈپ تۇرغان 158 دانە تور شەكلىدە ئورنىتىلغان تۈۋرۈككە سۇس يېشىل رەڭدە ئىنتايىن سىپتا كۆپىنكى نەقىش چىقىرىلغان، ئۇ تولىمۇ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. 2600 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان تورۇس لىم ـ تۈۋرۈكنىڭ ئايرىپ تۇرۇشى بىلەن شاھمات تاختىسىدەك كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭغا رەڭدار گۈللەر ۋە گېئومېترىيىلىك نەقىشلەر چىقىرىلغان. ئۇنىڭدىكى گېئومېترىيىلىك نەقىشلەر 100 چاسا بۆلەككە ئايرىلغان، جۈملىدىن 9 چاسا بۆلەككە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە نەقىشلەر نەقىشلەنگەن. خانىقانىڭ ئارقا تېمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مېھراپ چىقىرىلغان بولۇپ، ھەر جۈمە نامىزىدا ئىمام، خاتىپلار مېھراپ يېنىغا قويۇلغان ياغاچ مۇنبەردە تۇرۇپ قىرائەت قىلىدۇ.

### باھا:

ھېيتگاھ جامەسى شىنجاڭدا ۋەكىللىك خاراكتېرى كۈچلۈك ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەت بولۇپ، پۈتكۈل جامەنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، ھۈنەر ـ سەنئىتى سىپتا. جامەنىڭ دەرۋازا پەشتىقى قەدىمىي ئۇسلۇبتىكى خىشتىن قوپۇرۇلغان كۆركەم پەشتاق بولۇپ، شۇ يەرنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئويمىچىلىق، نەققاشلىق، رەڭدار نەقىشلەش قاتارلىق كۆپ خىل بېزەكچىلىك ئۇسۇلى قوللىنىپ، پۈتكۈل ئىمارەت ھەيۋەتلىك، كۆركەم كۆرۈنىدىغان قىلىنغان، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ يۈكسەك مىمارچىلىق سەنئىتى تولۇق نامايەن قىلىنغان، ئۇ جۇڭگو ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئۈلگىسى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى كۆپ قېتىم مەبلەغ ئاجرىتىپ جامەنى رېمونت قىلدۇردى، كۆركەم، ھەيۋەتلىك بۇ ئىمارەت قەشقەر شەھرىدە جۇلالىنىپ تۇرغان گۆھەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يىلدا بىر كېلىدىغان ئىككى چوڭ ھېيتىدا ناغرا ـ سۇناي چېلىپ، ساما سالىدىغان مۇھىم سورۇندۇر، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ توپلىشىپ ناماز ئوقۇيدىغان مۇھىم جايىدۇر. بۇ جامە ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنىدۇر.

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com




ھېيتگاھ جامەسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى 艾提尕尔清真寺外观




جامە خانىقاسى ئىچىدىكى لىم - تۈۋرۈكلەر 清真寺大殿内梁柱




تام نەقىشلىرى 墙花




تورۇستىكى نەقىشلەر 楼顶饰花





رەڭگارەڭ نەقىشلىك مۇنار 色彩艳丽的宣礼塔




风采

■**历史：**

艾提尕尔清真寺是中国伊斯兰教著名清真寺，是中国最大的伊斯兰教宗教建筑。它坐落于新疆维吾尔自治区喀什市解放北路，约建于明正统(1436——1449)年间，该寺占地面积 1. 68 万平方米，坐西朝东，位于市中心广场。建寺之前，这里原是一片公墓，大约在公元 1442 年，喀什噶尔的统治者沙克色孜·米尔扎首先在这里建立了一所清真寺，用来祷告他的亲友们的亡灵。到了公元 1538 年，吾布力阿迪拜克为了纪念他已故的叔父米尔扎孜外力，又将寺院扩建，改为聚礼用的大寺。后分别于 16 世纪上半叶、18 世纪末和 19 世纪中叶进行修建、扩建，重新规划全寺布局，形成今天的规模和气势。

■**风格：**

艾提尕尔清真寺由门楼、礼拜大殿、宣礼塔、寺院用房、人工湖等组成。高 12 米的寺门向东，用黄砖砌成，门楼属阿拉伯式建筑，顶为穹隆式，上建小尖塔。门厅呈八角形，两侧各开一拱形门洞。两座高约 18 米的圆柱形宣礼塔不对称地耸立在门楼两侧，塔身由下至上逐层收合，并利用砖砌手法变化形成多种花纹图形。塔顶"召唤楼"上，各有一弯新月。进入寺门是一个八角形穿厅，左右两边均有通道可入寺内的庭院。庭院南北各有一排共 36 间教经堂。礼拜大殿在寺院西端的一个高台上，砖木结构，平顶，由内外殿和长廊组成，长 160 米，进深 16 米，全部采用廊柱式建筑。支撑白色密肋顶棚的158根网络状排列的雕花木柱，都雕绘着精致的淡绿色凸形花纹，分外醒目。2600 平方米的顶棚由梁柱隔成棋盘形，藻井彩绘花卉和几何图案。正方形的几何图形，被分划为 100 个方片，其中 9 个方片刻绘有民族特色的花纹。主殿正中墙上有一壁龛，内设轿式宝座，每逢做礼拜时，伊玛目 、哈提甫站在龛内诵经。

■**点评：**

艾提尕尔清真寺是新疆最有代表性的伊斯兰风格建筑。全寺布局合理，工艺精细。该寺门楼由黄砖砌成，风格古朴厚重，同当地自然环境和谐地融为一体。建筑采用雕刻、镶嵌、彩绘等多种装饰技法，使建筑整体显得既古朴又典雅，充分显示出维吾尔人高超的建筑艺术，是中国伊斯兰建筑的典范。

新中国成立后，人民政府多次拨款进行修缮。这座庄严雄伟的建筑不仅是喀什城的瑰丽珍宝，也是每年民族节日群众游乐歌舞的重要场所，同时也是穆斯林的重要"聚礼"之地。现为全国重点文物保护单位。



# سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى

# 苏公塔

## سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى

## 苏公塔



风采

### تارىخى:

سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىنىڭ تولۇق نامى «ئىمىن خوجا ۋاپادارلىق مۇنارى»، يەنە «ئىمىن خوجا مۇنارى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ مۇنار تۇرپان شەھەر رايونىنىڭ تەخمىنەن 4 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇرپاننىڭ 2 ـ ۋاڭى سۇلايمان چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاتىسى ئىمىن خوجىغا تۇرپاننىڭ ۋاڭلىق مەنسىپىنى بەرگەنلىكى ۋە «ۋاڭلىق ئورنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالىدۇ» دەپ قىلغان ئىلتىپاتىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ھەم ئاتىسىنى ياد ئېتىش يۈزىسىدىن، ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ بىر يىلدىن كېيىن يەنى 1778 ـ يىلى بۇ مۇنارنى سالدۇرغان. ئىمىن خوجا كاڭشى، يۇڭجېڭ، چيەنلۇڭ خان دەۋرلىرىدە چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە ياردەملىشىپ جۇڭغار ۋە چوڭ، كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتىپ، قايتا ـ قايتا ئاجايىپ خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «زاساق»، «ئەل ئىشلىرى ياردەمچى بەگ»، «ئەلنى تىنجىتقۇچى بەگ» ۋە «ۋاڭ» بولغان ھەم پادشاھ چيەنلۇڭنىڭ «ۋاڭلىق ئورنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالىدۇ» دېگەن ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن.

### ئۇسلۇبى:

پۈتكۈل مۇنار خىشتىن قوپۇرۇلغان، مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 44 مېتىر، ئۇلىنىڭ دىئامېتىرى 11 مېتىر، مۇنار تۆۋەندىن يۇقىرىسىغا بارغانچە ئىنچىكىلەپ ماڭغان بولۇپ، گۈل لوڭقىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مۇنارغا ئۇل تاش، ياغاچ ئىشلىتىلمىگەن، مۇنارنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىقى مەركىزىدىكى پۈتەي خىش تۈۋرۈككە چۈشىدۇ. مۇناردا 72 پەشتاقلىق ئايلانما پەلەمپەي بار. مۇنارغا ئوخشاش بولمىغان ئېگىزلىك ۋە يۆنىلىشتىن 14 دانە ئۆزۈنچاق ھاۋادان ئېچىلغان. مۇنارنىڭ چوققىسى دۈگىلەك شەكىللىك بولۇپ ئۇنىڭ 4 تەرىپىگە ئەگمە رۇجەك ئېچىلغان، رۇجەكتىن يىراقتىكى مەنزىرىنى تاماشا قىلغىلى بولىدۇ. پۈتكۈل مۇنار خىشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ھەربىر خىش گاھ ئۇزۇنىسىغا، گاھ توغرىسىغا، گاھ تىك، گاھ يانتۇ قويۇلۇپ، 15 خىل ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى نەقىش ھاسىل قىلىنغان، بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل مۇنار ئىنتايىن كۆركەم كۆرۈنىدىغان بولغان.

خانىقا كەڭلىكى 9 ئاراش، ئۇزۇنلۇقى 11 ئاراش، چاسىراق دېگۈدەك تۈز تورۇسلۇق قىلىپ سېلىنغان، ئارقا تېمىغا مىھراپ چىقىرىلغان. خانىقا بىلەن ياندىكى ھوجرىلارنى ئەگمە ئىشىك تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

پەشتاقنىڭ ئاستى چاسا دەرۋازا. دەرۋازىدىن كىرىسىڭىز گۈمبەزلىك دالانغا كىرىسىز، ئۇدۇل ماڭسا خانىقاغا كىرگىلى، سول تەرەپكە ماڭسا مۇنار ئېغىزىغا بارغىلى بولىدۇ. مۇنار، خانىقا ۋە پەشتاق ئۆزئارا گىرەلىشىپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغان.

### باھا:

«سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى» مۇنار بىلەن يېنىدىكى مىڭ ئادەم سىغىدىغان مەسچىتتىن تەركىب تاپقان. پۈتۈن ئىمارەت ئاساسلىقى سېرىق خىشتىن قوپۇرۇلغان، شۇڭا، كۆكتۈم ۋاقىتىدىكى قۇياشنىڭ نۇرىدا ئالتۇندەك پارقىراپ، ئەتراپىدىكى تەبىئىي مۇھىت بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كېتىدۇ. مۇنارنىڭ مىمارچىلىق ئۇسلۇبى ئىسلام بىناكارلىقى ئۇسلۇبىغىمۇ، ئۇيغۇر بىناكارلىقى ئۇسلۇبىغىمۇ ئىگە. 15 خىل نەقىش ئاجايىپ نەپىس ئىشلەنگەن، مۇنارنىڭ ياسىلىشى ئاددىي، كۆركەم، رەڭگى چىرايلىق. پۈتۈن ئىمارەتنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىدا ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ سىممېترىك ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبى بۇزۇپ تاشلانغان. مۇنار پۈتۈن ئىمارەتنىڭ بىر تەرىپىگە جايلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەم قىلچىلىكمۇ تەڭپۇڭسىزلىق ھېس قىلمايدۇ. مۇنار، دەرۋازا پەشتىقى ۋە خانىقا بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ يۈكسەك مىمارچىلىق سەنئىتىگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ مىمارچىلىق سەنئىتى ۋە ئۇسلۇبى جۇڭگو ئىسلام بىناكارلىقىدا ئاز ئۇچرايدىغان ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ھازىر بۇ جاي شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى بولۇپ قالدى.

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com